# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

(14)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۈچقۇنجان ئۆمەر
رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

14



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: تۇرغۇن تۇنىياز
ھۆرىيەت نىياز
مەسئۇل كوررېكتورى: ھۆرىيەت نىياز
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: لىۇ ۋېيىۋ

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى (14)

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
بەت ياسىغۇچى: شىنجاڭ «ئۇقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
ئومۇمىي باسما تاۋىقى: 30
نەشرى: 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2016 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7808 - 6
ئومۇمىي باھاسى: 100.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

# كىرىش سۆز

سەلەي چاققان بىر ئۇلۇغ تارىخىي شەخس. ئۇيغۇر فولكلو-
رىنىڭ لەتىپە ـ چاقچاق ژانىرىدا يۇلتۇز كەبى چاقناپ تۇرغان
مىللەت بايلىقىنىڭ بىرى. ئۇ داڭلىق لەتىپىچى، قىزىقچى بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى تالانتلىق خەلق قوشاقچىسى، راۋابچى، ئەل-
نەغمىچىدۇر.

سەلەي چاققان 1790 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى-
نىڭ ئوپال يېزىسىدا ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1850 ـ
يىلى ئانا يۇرتىدا ۋاپات بولغان. سەلەي چاققان كىچىك ۋاقتىلى-
رىدىن باشلاپ خۇش مىجەز دادىسىنىڭ ياخشى مىجەز ـ خاراكتې-
رىنى ئۆبدان ئىگىلىگەن. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا نۇرغۇن يۇرتلارنى
كېزىپ، مۇڭلۇق راۋابىنى چېلىپ قوشاق ئېيتىپ، لەتىپىلەرنى
سۆزلەپ، خەلق بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولغان. نەزەر دائى-
رىسىنى كېڭەيتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىن-
لىك، باراۋەرلىك ۋە يېڭىلىققا تەلپۈنۈپ ئېلىپ بارغان كۈرەش-
لىرى سەلەي چاققاننىڭ خەلقپەرۋەر سەنئەتكار بولۇپ يېتىلىشى-
گە ئاساس سالغان. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ پايدىسىغا كۈلۈپ، زىيىنى-
غا يىغلىغان. پۈتكۈل ھاياتىدا چىرىك، كونا ھاكىمىيەتنىڭ قول-
چوماقچىلىرىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ، كەڭ ئەمگەكچى
خەلقنىڭ قىساس ـ ئۆچلىرىنى ئېلىپ بېرىدىغان يالقۇنلۇق قو-

شاقچى، ئۆتكۈر لەتىپىچى، قىزىقچى سۆپىتىدە داڭ چىقارغان. سەلەي چاققان خۇش مىجەز، گەپ ـ سۆزدە ھازىر جاۋاب، ھەرىكەتتە چېۋەر، چەبدەس بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «سەلەي چاققان» دەپ تەرىپلەشكەن. بۇ نام ھازىرغا قەدەر كىشىلەر ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، ھەم نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر، ھەم نەزم ـ شېئىرىي شەكىلدە ناخشا ـ قوشاق، سۆز ئويۇنى شەكلىدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر بار. بۇ لەتىپىلەرنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن لەتىپىلەردە ماھىيەتلىك بىر نۇقتا بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى قانۇنىيەتلىك ھالدا تۇغۇن، يېشىم، يەكۈنلىرىنى نامايان قىلغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ 200 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ، ئۇزۇقسىز بېيىپ، ئۇزۇقسىز مۇكەممەللىشىپ، ئۇزۇقسىز كەڭ تارقىلىپ كېلىشى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە كەڭ تېما، ساغلام مەزمۇنغا يانداش يۇمۇرىستىك تىل مەۋجۇت. تىل ـ لەتىپىنىڭ جېنى، قانىتى. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى ئومۇمىي خەلق تىلى، پۇقرالار تىلى، ئاممىباب تىل بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن ھەممە كىشىگە، ھەممە جايغا باب كېلىدۇ. بۇ لەتىپىلەردە ئەينى دەۋردىكى ئەمگەكچى خەلق قاتلى-

مىدىن باشقا يەنە خان ـ پادىشاھ، ۋەزىر ـ ئۆلىما، ھاكىم، بەگ، باي، غوجايىن، قازى، شاڭيو، دورغا، يايى ـ پاششاپ، گەيجاڭ، يا- ساۋۇل ـ چېرىك قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەربىر تەبىقىلىرىنىڭ رەڭگىرويى، ئىچكى دۇنياسىنى تولۇق كۆرگىلى، ئۇلارنىڭ ئا- دەملىك قىممىتىنى تارازىغا سېلىپ باھالىغىلى بولىدۇ. بۇلارنى يورۇتۇشتا سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ تىلى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. يەنە بەزى لەتىپىلەردە قوللىنىلغان ماقال ـ تەمسىللەر، ئىدىيوملار، تېپىشماقلار ۋە ھېكمەت دۇردا- نىلىرى ــ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ھېس ـ تۇيغۇسىنى كۈچلۈك سۈرەتلەپ، قەدىمىي مىللەتلەر قا- تارىدىكى نوپۇزلۇق ئورنىنى دۇنيا خەلقىگە نامايان قىلىپ بەرگەن. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ قويۇق مىللىي پۇراق ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولالىغانلىقى، لەتىپە ۋەقەلىكى ۋە يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ ساقلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملى- شىپ كېلەلىگەنلىكى، تۈزۈلۈشىدىكى ئىخچاملىق، ئېيتىشقا، يادلىۋېلىشقا، ئەستە قالدۇرۇشقا قولايلىق بولغانلىقى، بولۇپمۇ يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا باي بولغانلىقى ــ ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلىدۇر.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدە تارىخىي، ئەقلىي، پەلسەپىۋى مەزمۇنلاردىن باشقا يېڭى دەۋر مەزمۇنىدىكى لەتىپىلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئى- گىلەيدۇ. دەۋر چاقنىڭ ئۈزۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە ۋە تۈرلۈك

دەۋر يېڭىلىقلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، تارىخىي، ئەنئەنىۋى لەتىپىلەرنى ئاساسىي تۈۋرۈك ۋە ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاساستا يېڭى دەۋردىكى تۈرلۈك - تۈمەن ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن لەتىپىلەر كۆڭلىمىزنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدۇ. بۇ لەتىپىلەر زامانغا لايىقلاشقان هالدا تولۇقلانغان، تارقالغان. داڭدار سەلەي چاققاننىڭ نامى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ لەتىپىلەر سەلەي چاققان لەتىپىلىرىگە يېڭى تۈس ۋە يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىگە ئوخشاش جۇغلانغان ئەقىل ئابىدىسىگە ئايلانغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرى بىر پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنىدۇر. بىز بۇ بىر يۈرۈش 10 قىسىم «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»نى بىر لەتىپىگە بىر رەسىم ياندىشتۇرۇپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ هۇزۇرىغا سۇندۇق. سەلەي چاققاننىڭ پورترېتىنى يارىتىشتا داڭلىق رەسسام غازى ئەهمەد ياراتقان پورترېتتىن ئىجابىي پايدىلاندۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سەلەي چاققانشۇناسلىق ساهەسىدە ئىزدىنىۋاتقانلار، رەسساملارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز هەم بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تەييارلاشقا يېقىندىن مەدەت بەرگەن بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئالاهىدە رەهمەت ئېيتىمىز.

# مۇندەرىجە


ئەمما، يەلنى ئازراق يېسىلە ........................ 2
ئالمىشىش ........................................ 4
دەرەختە ئوت يوق ................................. 6
يۇتۇۋېتىش ....................................... 8
ئىككى ئاش پىشىم توختىتىۋېتىدۇ .................... 10
ئۇنۇملۇك ئۇسۇل .................................. 12
تەلەپ ............................................ 14
ئىسمىنى سورىۋالسىلا بولغۇدەك ...................... 16
ئۇنداقتا، مەن قېرىپ ئۆلسەم قانداق؟ ................ 18
تا مەن بارغۇچە چىقىپ كەتمە ....................... 20
قۇرت كېچىدە ئۇخلىمامدۇ؟ ........................... 22
مېنىڭ ئەمىلىم سىلىنىڭكىدىن چوڭ ... ................ 24
مەن بىلەن تەڭ ياشتا .............................. 26
چۈشىدىمۇ كۈنلەش .................................. 28
شۈنچىلىك ئالدۇ ـ دە! .............................. 30
پەرداز ........................................... 32
مەن نېمىشقا يوق بولۇپ قالغاندىمەن .................. 34
ئەسلىدە مۇنداقكەن ـ دە ............................ 36
خۇداغا شۈكۈر ..................................... 38
چىشلىرى ساقمۇ؟ .................................... 40

# ئەمما، يەلنى ئازراق يېسىلە

سەلەي چاققان مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدا بىر ئاغىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— ھە، نەگە ماڭدىڭلا؟

— يەل - يېمىش يەپ كېلەي دەپ باغقا، — دەپتۇ ئاغىنىسى.

سەلەي چاققان كۈلۈپ:

— يېمىش يېگىنىڭلىگە پىكرىم يوق. ئەمما، يەلنى ئازراق يېسىلە، — دەپتۇ.





# ئالمىشىش

بىركۈنى، سەلەي چاققان گۈرۈخانىدا ئۈچرەت ساقلاپ ئولتۇرسا، بىر كىشى سەلەي چاققانغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئەدەپ بىلەن ئالدىدا ئۆرە تۇرغان ئۇ كىشىگە قاراپ دەپتۇ:

— مېنى كەچۈرسىلە! ئەسلىي ئورنۇمنى ئۆزلىرىگە ئۆتۈنۈپ بەرسەم بولاتتى. بىراق، مەن يېقىندىلا «جىم ئولتۇرۇش كۇلۇبى»غا قاتناشقانىدىم.

— ھېچقىسى يوق، — دەپتۇ ئۇ كىشى، — مېنىمۇ كەچۈرسىلە. ئەسلىي مەن ئۆزلىرىگە مۇنچە تىكىلىپ قارىمىسام بولاتتى. لېكىن، مەن «تىكىلىپ قاراش كۇلۇبى»نىڭ ئەزاسى ئىدىم.

— ئوھۇي، — دەپتۇ سەلەي چاققان ھېلىقى كىشىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، — مەن ھازىردىن باشلاپ سىلەرنىڭ كۇلۇبقا ئالمىشىپ، ئۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراشنى قارار قىلدىم.





# دەرەختە ئوت يوق

ئوپالدىكى چاققانلار مەھەللىسىدە بىر تۈپ چوڭ ئۈجمە دەرىخى بار ئىكەن. يىراق ـ يېقىندىكىلەر ئىرغىتىپ ئۈجمە يەيدىكەن.

بىركۈنى، ئۈجمىگە بىر ئادەمنىڭ چىقىۋالغانلىقىنى كۆرگەن مەھەللىدىكى باي ۋارقىراپتۇ:

— ھەي، سەلەي ئاخۇن، تەپ تارتماي نېمىشقا مېنىڭ ئۈجمەمگە چىقىۋالدىلا؟

— تەقسىر، خاپا بولمىسىلا، مەن ئوغرى ئەمەس، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— ئوغرى بولمىسىلا، نېمىشقا ئۈجمەمگە چىقىۋالدىلا؟ — يەنە سوراپتۇ باي.

— ھە، ئازراق ئوت ـ چۆپ تېرىۋالاي، دەپ ئويلىغانىدىم.

— قىلغان گېپىنى! نەدىمۇ دەرەختە ئوت ـ چۆپ ئۈسكەن ئىش بار؟

— شۇنداق، باي غوجام، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — شۇڭا مەن دەرەخلىرىدىن يېنىپ چۈشۈۋاتىمەن.





# يۇتۇۋېتىش

سەلەي چاققان كىچىك ۋاقتىدا ئېرىق بويىدا ئويناپ يۈرگەنىكەن. بىر ئىككى قات ئايال ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپتۇ. ھەيران قالغان سەلەي چاققان ھامىلدار ئايالدىن:

— ئاچا، قورساقلىرىدىكى بالىنى ياخشى كۆرەملا؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئىككى قات ئايال بۇ بالىغا زوقلىنىپ:

— ۋاي شەيتان، ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن. ئۇ تۇغۇلسا سىزدەك ئەقىللىك بالا بولىدۇ، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان بۇ گەپكە ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ئاچا، ياخشى كۆرسىلە، نېمىشقا ئۇنى يۇتۇۋالدىلا؟





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى ئاش پىشىم توختىتىۋېتىدۇ

سەلەي چاققان بىر يىلى ئىلىخوغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىغان نۇرغۇن ياش يىگىتلەر ئۇنى باشلاپ ئىلى دەرياسى بويىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار دەريا مەنزىرىسىدىن ناھايىتى ھوزۇرلىنىپتۇ. شۇ چاغدا شەھەرلىك بىر بالا شىددەتلىك سۇنىڭ ئېقىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:

— سەلەيكا، سىلەر تەرەپتە مانا مۇشۇنداق مۆجىزىلەر بارمۇ؟

— يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان، — ئەمما، بىزدە بىر ماھىر ئۇستا بار، ئۇ مانا شۇنداق دەريانى ئىككى ئاش پىشىم توختىتىۋېتەلەيدۇ.

— ھە؟...





## ئۈنۈملۈك ئۇسۇل

سەلەي چاققان تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۇنىڭ سېمىز، ئەمەلدار ئاغىنىسى كېسەل كۆرسەتكىلى كەپتۇ.

— ئاداش، بەك سەمرىپ كېتىۋاتىمەن، ماڭا ئورۇقلاشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى دەپ بەرگەن بولساڭ، — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى.

سەلەي چاققان تولۇمدەك سەمرىگەن بۇ ئەمەلدار ئاغىنىسىگە قارىۋېتىپ:

— بىلەمسەن؟ ئورۇقلاشنىڭ بىرلا ئۇسۇلى بار، — دەپتۇ.

— قانداق ئۇسۇل ئۇ؟ — سوراپتۇ ئەمەلدار.

— ئۇ بولسىمۇ «باش چايقاش».

— نېمە؟ قانداق ۋاقىتتا «باش چايقايمەن؟» — يەنە سوراپتۇ ئەمەلدار.

— قانداق ۋاقىتتا بولاتتى؟ پۇقرالار سېنى ئىشىمنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ دەپ، ئاشپۇزۇلغا تاماققا تەكلىپ قىلغاندا.





# تەلەپ

سەلەي چاققان بولاقسودا يۈرگەن كۈنلەرىدە، بىر چىرايلىق چوكان بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ ۋە كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپتۇ:

— خېنىم، ئۆزلىرى گۈلدەك چىرايلىق ئىكەنلا؟

— سەلەيكا، رەھمەت سىلىگە.

— خېنىم، سىلى ئاپتاپتەك ئىللىق ئىكەنلا.

— رەھمەت سىلىگە.

— خېنىم، سىلى زەمزەمدەك پاك، سۈزۈك ئىكەنلا.

— رەھمەت.

— خېنىم، سىلى ماڭا تېگەرلىمۇ؟

— سىلى خۇددى مېنىڭ ئېرىمدەكلا قىزىق گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلا.

— ھە؟...





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىسمىنى سورىۋالسىلا بولغۇدەك

دەسۇ[1] مەھەللىسىدىكى بىر توپ ئايال ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغانىكەن، دەل شۇ ۋاقىتتا، سەلەي چاققان يولدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاياللاردىن بىرى سەلەي چاققانغا چاقچاق قىلىپ:

— سەلەي ئاخۇنكا، دەپ باقسىلا، ئېرىم ئۆيگە كىرگەندە ھەر دائىم كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدا قىزىل نەرسىنىڭ ئىزى بارلىقىنى كۆرۈپ قالىمەن. «بۇ نېمە؟» دەپ سورىسام، «شوخلىنىڭ يۇقى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مەن زادى قانداق قىلسام بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاققان بۇ خوتۇننىڭ كۆندەشلىكىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. شۇڭا، ئۇ:

— يەڭگە، سىلى ئۇ شوخلىنىڭ ئىسمىنى سورىۋالسىلا بولغۇدەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



① دەسۇ — بۇلاقسۇدىكى جاي نامى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۇنداقتا، مەن قېرىپ ئۆلسەم قانداق؟

پاششاپبەگ بىركۈنى سەلەي چاققاننى «گۇناھ» ئۆتكۈزدى دەپ قازى مەھكىمىسىگە ئېلىپ كەپتۇ. قازى ئاق ـ قارىنى سۈرۈشتۈرمەستىنلا سەلەي چاققاننى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. سەلەي چاققان بۇ ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالماي، قازىنى دارىتمىلاپتۇ. ئاندىن قازىدىن كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

ــ سەلەي ئاخۇن، سەن ئېغىر «گۇناھ» سادىر قىلدىڭ، قانداقمۇ كەچۈرۈم قىلاي؟ بىراق، سەن قانداق ئۆلۈش ئۇسۇلىنى تاللىۋالساڭ بولىدۇ، ــ دەپتۇ قازى.

ــ ئۇنداقتا، مەن قېرىپ ئۆلسەم قانداق؟ ــ دەپتۇ سەلەي چاققان.

قازى گەپتە يېڭىلىپ قالغانلىقتىن، سەلەي چاققاننى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ.





# تا مەن بارغۇچە چىقىپ كەتمە

سەلەي چاققان مەھەللىدىكى ئوتلاقتا قوي بېقىۋاتقانىكەن، تۇيۇقسىز ئوغلى كېلىپ دادىسىغا:

— دادا، دادا، ئات مىنگەن بىرى بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى، سەن تېز بارغىن، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان تېڭىرقىغان هالدا ئوغلىغا:

— بالام، هازىر سەن ئەڭ تېز سۈرئەتتە يۈگۈرۈپ ئۆيگە بار - دە، ئۇ ئادەمنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغىنىنى سورا، ئەگەر هېلىقى كىشى هاراقكەش بولۇپ قالسا، ئاشخانا ئۆيدىكى ئاچچىقسۇ شېشىسىنى تىقىپ قوي، ئەگەر ئۇ چېرىك بولۇپ قالسا، گۈرۈچ تۆككەن ئۆينى قۇلۇپلاپ قوي، ئەگەر ئۇ مال ساتقۇچى بولسا، سەن دەرهال ئاناڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋال، تا مەن بارغۇچە چىقىپ كەتمە، — دەپتۇ.





# قۇرت كېچىدە ئۇخلامدۇ؟

سەلەي چاققان كىچىك ۋاقتىدا ناھايىتى زېرەك ئىكەن، ئاخشىمى ئۇخلايدىغان چاغدا «كەمپۈت يەيمەن» دەپ تۇرۇۋالىدىكەن. بىر كۈنى ئانىسى شۇنداق نەسىھەت قىلىپتۇ:

— بالام، بولمايدۇ، ئۇخلايدىغان چاغدا كەمپۈت يېسەڭ چىشىڭنى قۇرت يەيدۇ.

— مېنى گوللىماڭ، ئانا، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بىز ئۇخلىغان يەردە، قۇرت ئۇخلىمامدۇ؟





# مېنىڭ ئەمەلىم سىلىنىڭكىدىن چوڭ

سەلەي چاققان خان ھۇزۇرىدا بولغان كۈنلەردە ئوردىنىڭ چوڭ ئەمىنات بېگى بوپتۇ. ئوردىدا يەنە بىر بۇيرۇقۋاز بەگ بولۇپ، دائىم كىشىلەرگە بۇيرۇق قىلىپ بوزەك ئېتىدىكەن. بىركۈنى ئۇ سەلەي چاققانغا:

— سەلەي ئاخۇن، بېرى كەلسىلە، سىلىگە بىر گەپنى ئېيتسام خۇشال بولۇپ كېتىلا، ھاكىم بېگىم سىلىنى كالا ۋە توخۇلارغا بەگ قىلىپ تەيىنلىدى، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان:

— ھە، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا سىلىمۇ دىققەت قىلسىلا، مېنىڭ ئەمەلىم سىلىنىڭكىدىن چوڭ ئىكەن، مېنىڭ بۇيرۇقۇمسىز بىر قەدەممۇ تەۋرىمىگەيلا، چۈنكى سىلىمۇ مېنىڭ باشقۇرۇشۇمدا بولىلا، قانداق؟ — دەپتۇ.





# مەن بىلەن تەڭ ياشتا

سەلەي چاققان خان ھوزۇرىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەزىنىچى بەگ سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:

— قارىسام، خېلى كۈچلىرى بار يىگىتتەك كۆرۈندىلە، قانچە ياشقا كىردىلە؟

— 25 ياشقا.

— ئۇنداق بولسا دادىلىرى قانچە ياشقا كىردى؟

— مەن بىلەن تەڭ ياشتا، — دەپتۇ سەلەي چاققان بەگنىڭ غەرىزىنى بىلىپ.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — سوراپتۇ بەگ، — راست گەپ قىلسىلا!

— راست گەپ قىلدىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان دادىسىنى قېرى دېگۈسى كەلمەي، — مەن تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا دادا بولۇشقا باشلىغان.





# چۈشىدىمۇ كۈلەش

سەلەي چاققان خۇش مىجەز ئادەم بولغانلىقتىن، ئايالى ئانچە - مۇنچە كۈلەپ قالىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ سەلەي چاققانغا:

— سىلى بۈگۈن مېنى شۇنداق خاپا قىلدىلا، نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم، — دەپتۇ.

ھەيران بولغان سەلەي چاققان دەپتۇ:

— ئەمدىلا تاڭ ئاتسا، مەن سىلىگە نېمە قىلدىم؟

— كېچە چۈشۈمدە باشقا بىر ئايال قاش - كۆزىنى ئوينىتىۋىدى، سىلى خۇشاللىقلىرىدىن ئۆزلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىلا، — دەپتۇ خوتۇنى.

— ھەي خوتۇن، ئۇ دېگەن بىر چۈشقۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ ئويلاپ باقمامىلا، — دەپتۇ خوتۇنى، — سىلى مېنىڭ چۈشۈمدە شۇنداق قىلىپ يۈرسىلە، ئۆزلىرىنىڭ چۈشىدە نېمىلەرنى قىلمايلا؟!



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## شۇنچىلىك ئالىدۇ - دە!

سەلەي چاققاننىڭ دادىسى ساتىراشلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر باجگىر سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، دادىلىرى كۈندە قانچە قېتىم ساقال ئالىدۇ؟

— دادام بىر كۈندە 20 قېتىم ساقال ئالىدۇ.

— تولا جۆيلۈمىسىلە، شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ — دەپتۇ باجگىر.

— ئۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — باجگىرلار كۈندە نەچچە قېتىم كېلىۋاتقان يەردە، ساتىراشلىق قىلغاندىكىن، شۇنچىلىك ئالىدۇ - دە!





# پەرداز

سەلەي چاققان خوتۇنى بىلەن مەھەللىدىكى بىر تويغا بارماقچى بوپتۇ. خوتۇنى جابدۇنۇپ بولغاندىن كېيىن توۋلاپتۇ:

— هوي، سەلەي ئاخۇن، تېخىچە ساقاللىرىنى ئالماپسىز؟

— ئالمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان، — تېزراق بولمامسىلە؟ سىلىنىڭ ياسىنىپ بولۇشۇڭلىنى كۈتۈۋېرىپ، ساقىلىم يەنە ئۆسۈپ كەتتى.





# مەن نېمىشقا يوق بولۇپ قالغاندىمەن؟

سەلەي چاققان بىلەن خوتۇنى بىر كۈنى ئوپال بازىرىغا تىياتىر كۆرگىلى بېرىپتۇ. تىياتىرخانىدا «غېرىب ـ سەنەم» تىياتىرى ئوينىلىۋاتقانىكەن، تىياتىرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، سەلەي چاققاننىڭ خوتۇنى:

ــ مەن ئەخمەق ئايال ئىكەنمەن، ئەينى چاغدا كەينىمگە كىرىۋالغانلار شۇنداق كۆپ ئىدى. ھەممىسىنى رەت قىلىۋېتىپتىمەن، ــ دەپتۇ سەلەي چاققاننى سىنىماقچى بولۇپ.

ــ ئىسىت، ئىسىت! ــ دەپتۇ سەلەي چاققان جاۋابەن، ــ سىلى رەت قىلغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مەن نېمىشقا يوق بولۇپ قالغاندىمەن؟

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.





# ئەسلىدە مۇنداقكەن ـ دە

سەلەي چاقىقان مەدرىسەدە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، خەلپەت پاشا توغرۇلۇق سۆزلەپتۇ:

ــ بىلەمسىلەر، ئەركەك پاشا ئادەم چاقمايدۇ. ئادەم چاقىدىغىنى چىشى پاشا. ئىسىڭلاردا تۇتۇۋالدىڭلارمۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ تۇتۇۋالدۇق، ــ دەپتۇ سەلەي چاقىقان ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ تاغام خوتۇنىنى دائىم ئۇراتتى، نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ، دەپ ھەيران قالاتتىم. ئەسلىدە ئىش مۇنداقكەن ـ دە.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خۇداغا شۈكۈر

سەلەي چاققان مەدرىسەدە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەردە خەلپەتتىن سوراپتۇ:

— خەلپىتىم، بىر كىشى ئۆزى قىلمىغان ئىش تۈپەيلىدىن بىرەر جازاغا تارتىلىشقا لايىقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە لايىق ئەمەس، — دەپتۇ خەلپەت.

— تىل ئىشتىنىشقىچۇ؟

— تىل ئىشتىنىشقىمۇ بولمايدۇ، بالىلىرىم، — دەپتۇ خەلپەت.

— خۇداغا شۈكۈر، سىلى «پەيشەنبىلىك ئېلىپ كېلىڭلار» دېگەنىدىله، ئۆيدە بىرەر تىيىنمۇ يوق. ئېلىپ كېلەلمىگەنىدىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان.





# چىشلىرى ساقمۇ؟

ئۆستەڭ بويىدا بىر موماي ئولتۇرغانىكەن. كىچىك سەلەي چاققان ئۇ مومايدىن:

— موما، چىشلىرى ساقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي ئانىمەي، چىشىمنى سوراپ قالدىڭغۇ؟ بالام، بىرەر چىشىمنىڭ بارمىدى؟ — دەپتۇ موماي.

— ھەئە، بار ئىدى.

— نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟

— كىچىككىنە ئىش، — دەپتۇ سەلەي چاققان قوينىدىن بىر تۈگۈنچەكنى چىقىرىپ، — موما، بۇ نەرسىنى سىلى ساقلاپ بەرسىلە. مەن توپ ئويناپ كېلەي.

موماي ئېچىپ قارىسا ياڭاق ئىكەن. موماي بۇ بالىنىڭ تادانلىقىدىن تېلىقىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.





www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

漫画赛来·恰坎幽默与智慧. 11~20：维吾尔文 / 乌其洪江·玉麦尔撰文；阿迪力·阿布力孜绘画. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
ISBN 978-7-5469-7808-6

Ⅰ.①漫… Ⅱ.①乌… ②阿… Ⅲ.①维吾尔族-笑话-作品集-中国-维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.①I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 277267 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：吐尔洪·吐尼牙孜 吾尔亚提·尼亚孜
责任校对：吾尔亚提·尼亚孜
美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　漫画赛来·恰坎幽默与智慧(14)(维吾尔文)
撰　　文　乌其洪江·玉麦尔
插　　图　阿迪力·阿布力孜
出　　版　新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　　版　新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心
印　　刷　新疆新华华龙印务有限责任公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/16
总 印 张　30
版　　次　2015 年 11 月第 1 版
印　　次　2016 年 6 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7808-6
总 定 价　100.00 元（全十册）

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات

دۆلەتلىك مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر

国家民族文字出版专项资金资助项目



ISBN 978-7-5469-7808-6

9 787546 978086 >

总定价：100.00元（全10册）

10.00元

ئوقۇ سەرخىل كىتابلىرى

dudu

www.dudu-book365.com